# كۆرمىدىڭىزمۇ؟ قىياپەتچى مۇجەززىز زەيد ئىبنى هارىسە بىلەن زەيىدنىڭ ئوغلى ئۇسامىگە قاراپ: بۇ پۇتلار ھەقىقەتەن بىر-بىرىگە مەنسۇپتۇر،-دېدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا چىرايىدىن خۇشاللىق نامايەن بولغان ھالدا كىرىپ: «قىياپەتچى مۇجەززىز زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن زەيىدنىڭ ئوغلى ئۇسامىگە قاراپ: كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بۇ پۇتلار ھەقىقەتەن بىر-بىرىگە مەنسۇپ،-دېدى. يەنە بىر ئىبارىدە: «مۇجەززىز قىياپەتچى ئىدى» دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ چىرايى ئاق، ئوغلى ئۇسامە بۇغداي ئۆڭ ئىدى، كىشىلەر ئىككىسىنىڭ رەڭگى پەرقلىق بولغانلىقتىن ئۇسامىنىڭ دادىسىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشاتتى. بىر كۈنى ئۇلار باشلىرىنى رىدا بىلەن يېپىپ، پۇتلىرى ئىچىلىپ قالغان ھالىتىدە ئىدى، مۇدلىجلىق قىياپەتچى مۇجەززىز ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پۇتلاردىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈپ: بۇ پۇتلار ھەقىقەتەن بىر-بىرىگە مەنسۇپ،-دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ قىياپەتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى، ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئابرويىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قالايمىقان بىلجىرلايدىغانلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىلگەنلىكتىن، ئۇسامىنىڭ دادىسىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىگە كۆڭلى خاتىرجەم بولغانلىقتىن ئائىشەنىڭ يېنىغا چىرايىدىن خۇشاللىق نامايەن بولغان ھالدا كىردى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee